الذخيرة

# اوما لايسع المجاهد جهله

# مۇجاھىدلار بىلىشكە تېگىشلىك قىممەتلىك مەسىلىلەر

شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد مەنسۇر

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىدىن

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# الذخيرة

# اوما لايسع المجاهد جهله

# مۇجاھىدلار بىلىشكە تېگىشلىك

# قىممەتلىك مەسىلىلەر


شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد مەنسۇر

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىدىن



ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................................ 3
مۇجاھىدنىڭ تاھارىتىدىكى ھۆكۈملىرى.................................5
بىرىنچى تېما ، جاراھەتلەنگەن مۇجاھىدنىڭ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشى.
5 ......................................................................................
ئىككىنچى تېما ، مۇجاھىدنىڭ ئۈزۈلگەن ئەزالىرىنىڭ تاھارىتى.........6
ئۈچىنچى تېما ، مۇجاھىدنىڭ تەيەممۇم قىلىشى .................................8
تۆتىنچى تېما ، مۇجاھىدنىڭ مەسھى قىلىشى...................................10
مۇجاھىدنىڭ نامىزىدىكى ھۆكۈملەر .................................13
بىرىنچى تېما ، قورقۇنچ نامىزى.......................................................13
ئىككىنچى تېما، مۇجاھىدلارنىڭ نامازنى قەسىر قىلىشى ۋە جەملەپ ئوقۇشى.............................................................................................22
مۇجاھىدنىڭ زاكاتتىكى ھۆكۈملىرى.................................23
مۇجاھىدنىڭ روزىدىكى ھۆكۈملىرى.................................24
مۇجاھىدنىڭ ھەجدىكى ھۆكۈملىرى .................................26
جىھادتىكى ئومۇمىي ھۆكۈملەر...........................................27
جىھادقا چىقىشتا خەلىپىنىڭ رۇخسەت بېرىشى ..............................27
جىھادقا چىقىشتا ئاتا-ئانىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش.............................27
جىھادقا چىقىشتا قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش......................28
جىھادقا چىقىشتا ئەسكىرىي قوماندانىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش...........29
مۇجاھىدنىڭ قۇرئاننى يېنىدا ئېلىپ دۈشمەن زېمىنىغا سەپەر قىلىشى29

مۇجاھىدلار دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقاندا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىككى خىل ئەھۋال........................................................................31
قالقان قىلىۋېلىش مەسىلىسى ........................................................33
مۇجاھىدلارنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ شەھەرلىرىگە ئوت قويۇۋېتىشى، زىرائەتلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشى ۋە دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلىشىنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەبلەر.......................................................39
غەنىيمەت ۋە ئولجىنىڭ ھۆكۈملىرى......................................................40
شاھادەت ۋە شەھىدلەرنىڭ ھۆكۈملىرى.....................................44
شەھىدلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ................................................46

# مۇقەددىمە

بارلىق ھەمدۇ-سانالار يەككە-يېگانە الله قا خاستۇر، دۇرۇت ۋە سالاملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەدكە ﷺ، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك، ئى مۇجاھىد قېرىندىشىم! قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنى ئىنتايىن ئالدىراشلىق ئىچىدە توپلاپ ۋە يېزىپ چىقتىم. ئەگەر خاتالىق بولۇپ قالسا بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزرە سورايمەن.

مۇجاھىد قېرىندىشىم! مەن بۇ كىتابنى دىن ھۆكۈملىرىدە پاكىت ئۈستىدە بولۇشىڭىز ئۈچۈن يېزىپ چىقتىم. كىتاب مەزمۇنىنى، بىلمىسىڭىز قەتئىي بولمايدىغان ھۆكۈملەرگىلا قىسقارتتىم.

مۇجاھىد قېرىندىشىم! مەن بۇ كىتابنى يازغان ۋاقتىمدا، سىزنىڭ جىھاد ھۆكۈملىرى توغرىسىدا يېزىلغان ئۇزۇن كىتابلارنى كۆرۈشكە ۋاقتىڭىز يار بەرمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويماسلىق ئۈچۈن مۇھىم مەسىلىلەر ۋە كۈچلۈك دەلىللەرنىلا تاللاپ ئالدىم.

مۇجاھىد قېرىندىشىم! مەن مۇشۇ مۇقەددىمىدە سىزدىن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك مەسىلىنى تەلەپ قىلىمەن:

بىرىنچى، ئىخلاسىڭىز نىجاتلىق يولى ئىكەنلىكىنى ئەسلەڭ.

ئىككىنچى، ئەگەر سىز ئۆز نەپسىڭىز ئۈستىدىن غالىب كەلمىسىڭىز دۈشمىنىڭىزنى ھەرگىزمۇ مەغلۇپ قىلالمايدىغانلىقىڭىزغا جەزم قىلىڭ.

ئۈچىنچى، مۇشۇ ۋاراقلارنى توپلاش، يېزىش ۋە ئۇنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن قېرىنداشلارنى، الله نىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ كۆكرەكلىرىگە ئاتقان ئوقىڭىزنىڭ ساۋابىدىن سالىھ دۇئايىڭىز ئارقىلىق ئۇلارنىمۇ بەھرىمەن قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

بۇ قىممەتلىك دەرسلەرنى يېنىڭىزدىن ئايرىماڭ، بۇ دەرسلەر بىلەن مەنۋىيىتىڭىزنى بېيىتىڭ، ھۆكۈملىرىڭىزنى بۇ دەرسلەردىن ئېلىڭ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە الله سىزگە ئىگە بولسۇن ۋە سىزنى مۇھاپىزەت قىلسۇن.

الله يولىدىكى قېرىندىشىڭىز ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد مەنسۇر

## مۇجاھىدنىڭ تاھارىتىدىكى ھۆكۈملىرى

بۇ ھۆكۈملەرنى تۆت تېما بويىچە بايان قىلىمىز.

### ❖ بىرىنچى تېما، جاراھەتلەنگەن مۇجاھىدنىڭ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشى.

بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ھالىتى بار:

- بىرىنچى خىل ھالەت، جاراھەتنىڭ ئوچۇق بولۇشى.

جاراھەتلەنگەن مۇجاھىد ئەگەر ئۆزىگە زىيان يېتىپ قېلىشتىن قورقمىسا، جاراھەتلەنگەن ئەزانى يۇيىدۇ. ئەگەر ئۆزىگە زىيان يېتىپ قېلىشتىن قورقسا، كۈچلۈك كۆزقاراش شۇكى، ساق ئەزالىرىنى يۇيىدۇ، سۇ بىلەن مەسھى قىلىش (جاراھەتلەنگەن ئەزاغا) زىيان يەتكۈزمىسە، جاراھەتلەنگەن ئەزالىرىغا سۇ بىلەن مەسھى قىلىدۇ ۋە تەيەممۇمغا موھتاج بولمايدۇ. بۇ ھەنبەلى مەزھىبىدىكى ئالىملارنىڭ بىر خىل كۆزقارىشى بولۇپ، سەھىھ قاراشتۇر. بۇ قاراشنى ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇ قوبۇل قىلغان.

ئۇلارنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە:

1. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «إذا أمرتكم بأمر فأتوا منه ما استطعتم» «ئەگەر مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام، ئۇ ئىشنى تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداڭلار».[1]

2. ئۇ مۇجاھىد جاراھەتلەنگەن ئەزانى يۇيۇشتىن ئاجىز كەلگەن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولسىمۇ جاراھەتلەنگەن ئەزاغا مەسھى قىلىپ، قالغان ئەزانى يۇيۇشقا قادىر بولالايدۇ. شۇڭا قادىر بولالايدىغان ئىشلارنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ، بۇ خۇددى رۇكۇ ۋە سەجدىدىن ئاجىز كەلگەن كىشى ئىشارەت قىلىپ ناماز ئوقۇشقا قادىر بولالىسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىشارەت قىلىپ ناماز ئوقۇشى ۋاجىب بولغىنىغا ئوخشاشتۇر.

• ئىككىنچى خىل ھالەت، جاراھەتنىڭ (لاتا ياكى داكا بىلەن) تېڭىلغان بولۇشى.

بۇنىڭ تەپسىلاتى «تېڭىقتا مەسھى قىلىش» دېگەن تېمىدا سۆزلىنىدۇ.

## ❖ ئىككىنچى تېما، مۇجاھىدنىڭ ئۈزۈلگەن ئەزالىرىنىڭ تاھارىتى

ئۈزۈلگەن ئەزالار ئۈچ خىل ھالەتتە بولۇپ، ئۇلار:

• بىرىنچى، قولى جەينىكىنىڭ ئۈستىدىن ۋە پۇتى ئوشۇقىنىڭ ئۈستىدىن ئۈزۈلگەن ھالەت.

بۇ خىل ھالەتتە (يۇيىدىغان ئەزا كېسىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) يۇيۇشنىڭ ۋاجىب ئەمەسلىكىدە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يوق.

• ئىككىنچى، قولى جەينىكىنىڭ ئاستىدىن ۋە پۇتى ئوشۇقىنىڭ ئاستىدىن ئۈزۈلگەن ھالەت.

بۇ خىل ھالەتتە، يۇيۇش پەرز بولغان ئەزالارنىڭ كېسىلگەندىن كېيىنكى قېلىپ قالغان قىسمىنى يۇيۇش ۋاجىب بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يوق. بۇنى ئىمام نەۋەۋى «المجموع» ناملىق كىتابى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىتابلىرىدا بايان قىلغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا أمرتكم بأمر فأتوا منه ما استطعتم» «ئەگەر مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام، ئۇ ئىشنى تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداڭلار».[①]

ھەرقانداق ئەزانىڭ بىرقىسمى ئۈزۈلۈپ كەتسە، يۇيۇش ۋە مەسھى قىلىش جەھەتتىكى ھۆكۈم، ئۇنىڭ قېلىپ قالغان قىسمىغا تەتبىقلىنىدۇ.

• ئۈچىنچى، قولى جەينىكىدىن ۋە پۇتى ئوشۇقىدىن ئۈزۈلگەن ھالەت.

كۆچلۈك كۆزقاراش شۇكى، بىلەكنىڭ ئۈزۈلگەن يېرىنى ۋە پاقالچاقنىڭ ئۈزۈلگەن يېرىنى يۇيۇش ۋاجىب بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (رەھىمەھۇللاھ) ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكى ئالىملارنىڭ كۆزقارىشى بولۇپ، بۇ سەھىھ قاراشتۇر. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە:

1. الله تائالانىڭ تاھارەت ئايىتىدىكى «إلى المرافق» ۋە «إلى الكعبين» دېگەن سۆزىدىكى «إلى» كەلىمىسى «قوشۇپ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «سىلەر قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ.

2. بىلەكنىڭ بېشى جەينەككە تەۋە بولۇپ، ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ يۇيۇش ۋاجىب. شۇنىڭدەك، پاقالچاقنىڭ بېشىمۇ ئوشۇققا تەۋە بولۇپ، ئىككى پۇتنى ئوشۇق بىلەن قوشۇپ يۇيۇشمۇ ۋاجىبتۇر.

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## ❖ ئۈچىنچى تېما، مۇجاھىدنىڭ تەيەممۇم قىلىشى

بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ھالىتى بار:

• بىرىنچى، ئەگەر مۇجاھىد سۇ ئىزدەپ چىققان ۋاقىتتا ياكى سۇ ئىشلەتكەندە ئۆزىگە دۈشمەن تەرەپتىن زەرەر يېتىشىدىن ئەنسىرىسە، سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشىنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ. بۇ زور كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر.

بۇ خىل ھالەت سۇ تاپالمىغان ۋاقىتتىكى ھالەتكە ئوخشاش بولۇپ، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا﴾ «سۇ تاپالمىساڭلار پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار»[1]. ئۇ كىشى گەرچە سۇ بار جايدا بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈم جەھەتتە سۇ يوق ھېسابلىنىدۇ.

• ئىككىنچى، ئەگەر مۇجاھىد ئەسىرلىكتە بولۇپ، دۈشمەن ئۇنى سۇ ئىشلىتىشتىن چەكلىگەن بولسا، تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ناماز ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا قادىر بولالىغان بولسىمۇ نامازنى قايتا ئوقۇمايدۇ. چۈنكى ئۇ مۇجاھىد سۇ ئىشلىتىشتىن ئاجىز كەلگەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾ «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار»[2].

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «إذا أمرتكم بأمرٍ فأتوا منه ما استطعتم» «ئەگەر مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام، ئۇ ئىشنى

---

[1] سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەغابۇن 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاقىتىنىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداڭلار».[1]

بۇ خىل ھالەتتە، مۇجاھىد ئىبادەتنى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئورۇندىغان بولىدۇ.

• ئۈچىنچى، ئالىملار «چاڭ-توزىنى بار توپىدا تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس» دېگەن ھۆكۈمدە بىرلىككە كەلگەن.

ئىبنى ئابدۇلبەر «التمهيد» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغاندەك. زور كۆپچىلىك ئالىملار كىيىم-كېچەك، تام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىكى چاڭ-توزان بىلەن تەيەممۇم قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەبۇ جۇھەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أقبل النبي ﷺ من نحو بئر جمل فلقيه رجل فسلم عليه فلم يرد عليه النبي ﷺ حتى أقبل على الجدار،فمسح بوجهه ويديه، ثم رد عليه السلام» «پەيغەمبەر ﷺ بىئرى جەمەل[2] تەرەپتىن كېلىۋاتقاندا، بىر كىشى ئۇچراپ سالام قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە سالام قايتۇرماي، تام تەرەپكە بېرىپ قولىنى تامغا ئۇرۇپ، يۈزى ۋە ئىككى قولىنى سىلاپ مەسھى قىلىپ، ئاندىن ئۇ كىشىگە سالام قايتۇردى».[3]

• تۆتىنچى، كۈچلۈك كۆزقاراش شۇكى، توپىدىن باشقا قۇم، شېغىل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زېمىن جىنسىدىن بولغان نەرسىلەردە تەيەممۇم قىلىشمۇ دۇرۇستۇر. بۇ بولسا ھەنەفى، مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكى ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. ئىبنى تەيمىيە ۋە ئىبنى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] مەدىنىدىكى بىر ئورۇننىڭ ئىسمى.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قەيىيم (رەھىمەھۇللاھ) مۇ بۇ قاراشنى قوبۇل قىلغان ۋە تۆۋەندىكىدەك دەلىل كەلتۈرگەن:

اللە تائالانىڭ: ﴿فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا﴾ «پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار»[1] دېگەن ئايىتىدىكى «الصعيد» (يەنى پاك تۇپراق) دېگەن سۆز — زېمىن يۈزىگە ئۆرلەپ چىققان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ تەبۇك غازىتىدا كۆپلىگەن قۇم دۆۋىلىرىدىن ئۆتكەن بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە توپا ئېلىپ ماڭغانلىقى نەقىل قىلىنمىغان.

## ❖ تۆتىنچى تېما، مۇجاھىدنىڭ مەسھى قىلىشى

بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك ئالتە تۈرلۈك مەسىلە بار:

• بىرىنچى، ئومۇمىي ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆزقارىشىدا، مۇجاھىدلار ياكى باشقا كىشىلەرنىڭ سەپەر ياكى مۇقىم ھالەتلىرىدە ئۆتۈككە مەسھى قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتكەن.

• ئىككىنچى، بۈگۈنكى كۈندىكى تېرىدىن باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان ئەسكىرى ئۆتۈكلەرگىمۇ مەسھى قىلىش دۇرۇستۇر. كۆپچىلىك فىقھىشۇناس ئالىملار بۇ كۆزقاراشنى توغرا دەپ قارىغان. چۈنكى مەسھى قىلىشنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەب زۆرۈرىيەت بولۇپ، بۇ زۆرۈرىيەت تېرىدىن باشقا نەرسىلەر ئارقىلىق ياسالغان ئۆتۈكتىمۇ مەۋجۇد ھەمدە بۇ خىل ئۆتۈك پۈتنى يېپىشتا تېرىدىن ياسالغان ئۆتۈككە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىلدىكى ئۆتۈككە مەسھى قىلىش دۇرۇستۇر.

[1] سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

• ئۈچىنچى، كۆپچىلىك فىقھشۇناس ئالىملار «ئۆتۈككە مەسھى قىلىش مۇددىتى مۇقىم كىشىلەر ئۈچۈن بىر كېچە-كۈندۈز، مۇساپىرلار ئۈچۈن ئۈچ كېچە-كۈندۈز بولىدۇ» دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەن، بۇنىڭغا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى دەلىل بولىدۇ: «جعل رسول اللَّه ﷺ ثلاثة أيام ولياليهن للمسافر، ويوما وليلة للمقيم» «پەيغەمبەر ﷺ (ئۆتۈككە مەسھى قىلىش مۇددىتى ئۈچۈن) مۇساپىرغا ئۈچ كېچە-كۈندۈز، مۇقىمغا بىر كېچە-كۈندۈز ۋاقىت بەلگىلەپ بەرگەن».[1]

لېكىن مۇجاھىدنىڭ بەلگىلەنگەن مەسھى قىلىش مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆتۈكنى سالسا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن قورقۇش ياكى دۈشمەننى قاچۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق زىيان يەتكۈزۈپ قېلىشتىن قورقسا، زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن ئۆتۈككە داۋاملىق مەسھى قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.[2]

• تۆتىنچى، كۆپچىلىك فىقھشۇناس ئالىملار تېڭىقنى ئېلىۋېتىش سەۋەبىدىن ئىنسانغا زىيان يېتىدىغان ئەھۋال بولسا، تېڭىقتا سۇ بىلەن مەسھى قىلىشنى دۇرۇس دەپ قارىغان.

• بەشىنچى، كۈچلۈك كۆزقاراش شۇكى، تېڭىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە مەسھى قىلىش ۋاجىبتۇر. چۈنكى تېڭىقتا مەسھى قىلىش يۇيۇشنىڭ ئورنىدا بولۇپ، يۇيۇشنىڭ ھۆكمى ئېلىنىدۇ. تېڭىقتا مەسھى قىلغاندىن كېيىن، تەيەممۇم قىلىش ۋاجىب ئەمەس.

• ئالتىنچى، سەللە ۋە سەللىگە ئوخشاش باش كىيىمگە مەسھى قىلىش دۇرۇس بولۇپ، مۇجاھىدلارنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ زەربىسىدىن

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «مجموع الفتاوى» 21- توم 177- بەت.

بېشىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كىيگەن باش كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشى مۇشەققەت بولۇپ قالسا، باش كىيىمىگە مەسھى قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ، بۇنىڭغا ۋاقىت شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ دىن باش كىيىمگە مەسھى قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلىگەنلىكى ھەققىدە بىرەر ھەدىس نەقىل قىلىنمىغان.

# مۇجاھىدنىڭ نامىزىدىكى ھۆكۈملەر

بۇ ھۆكۈملەرنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تېما بويىچە بايان قىلىمىز:

## ❖ بىرىنچى تېما، قورقۇنچ نامىزى

• بىرىنچى، كۆپچىلىك فىقھشۇناس ئالىملار قورقۇنچ نامىزىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقلا كەلگەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا كُنتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلَاةَ فَلْتَقُمْ طَائِفَةٌ مِّنْهُم مَّعَكَ وَلْيَأْخُذُوا أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُوا فَلْيَكُونُوا مِن وَرَائِكُمْ وَلْتَأْتِ طَائِفَةٌ أُخْرَىٰ لَمْ يُصَلُّوا فَلْيُصَلُّوا مَعَكَ وَلْيَأْخُذُوا حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قورالىلىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۈزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن»[1].

• ئىككىنچى، قورقۇنچ نامىزىنىڭ بىر قانچە شەرتى بار بولۇپ، ئۇلار:

---

[1] سۈرە نىسا 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

1. ئۇرۇش ــ كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئوخشاش شەرىئەتتە ئىزنى بېرىلگەن ۋە دۇرۇس بولغان ئۇرۇش بولۇشى كېرەك.

2. دۈشمەنلەر مۇجاھىدلارغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن مۇجاھىدلارغا ھۇجۇم قىلىش ياكى مۇجاھىدلارنى تۇيۇقسىز قورشاۋغا ئېلىۋېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بولۇشى.

3. دۈشمەنلەر مۇجاھىدلارنى قوغلاۋاتقان ياكى مۇجاھىدلار دۈشمەنلەرنى قوغلاۋاتقان بولۇشى.

• ئۈچىنچى، كۆپچىلىك فىقھشۇناس ئالىملار نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇرۇش گىرەلىشىپ، قورقۇنچ قاتتىق بولغاندا، مۇجاھىدلار پىيادە ياكى ئۇلاغلىق بولسىمۇ، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت ئارقىلىق تاماملاپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلالىسۇن ياكى قىلالمىسۇن تاقىتىنىڭ يېتىشىچە نامازنى ئادا قىلىدۇ. ئەگەر (ھەر تەرەپتىن ئوق ـ بومبىلارنىڭ كېلىشى سەۋەبىدىن) نامازنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ياكى نامازدا نېمە دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىسا، ياكى ئىشارەت قىلىپ ئوقۇشىمۇ مۇمكىن بولمىسا ۋە ياكى جەملەش نىيىتى بىلەن كېچىكتۈرۈشكىمۇ ئىمكان بولمىسا، نامازنى ئۇرۇش جىددىيچىلىكى پەسەيگىچە كېچىكتۈرۈش دۇرۇس بولىدۇ.

• تۆتىنچى، قورقۇنچ نامىزىنىڭ ھالىتى

قورقۇنچ نامىزىنىڭ ئۈچ خىل ھالىتى بولۇپ، ئۇلار:

1. قورقۇنچ قاتتىق بولمىغان ھالەت.

بۇ خىل ھالەت ــ دۈشمەننىڭ مۇجاھىدلارغا يېقىن بولغانلىقى

ياكى دۈشمەننى كۆرۈپ تۇرغانلىقى ۋە ياكى ئۆزئارا گىرەلەشمە جەڭ بولمىغان بولسىمۇ دۈشمەننىڭ مۇجاھىدلار تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەنچىلىك خەۋەر كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مۇجاھىدلار ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇش ھالىتىدۇر.

يۇقىرىقى ھالەتتە قورقۇنچ نامىزىنىڭ ئۈچ خىل شەكىلدە ئوقۇلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر قانچە نەقىل كەلگەن بولۇپ، ئۇلار:

بىرىنچى خىل شەكىل: مۇقىم ھالەت ياكى سەپەردىكى ھالەت بولسۇن، ئىمام مۇجاھىدلارنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا ئىككى سەپ قىلىپ تىزىدۇ. ئاندىن ئېھرام تەكبىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە نامازنى باشلايدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىدۇ. بىرىنچى سەپ ئىمام بىلەن سەجدە قىلغان ۋاقىتتا، ئىككىنچى سەپ (سەجدىگە بارماستىن) ھارىستا تۇرىدۇ. ئىمام ئىككىنچى رەكئەت نامازغا تۇرغاندا ئىككىنچى سەپتىكىلەر سەجدە قىلىدۇ، ئاندىن ئىمامغا يېتىشىۋالىدۇ ۋە بىرىنچى سەپنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ. بىرىنچى سەپتىكىلەر كەينىگە ئۆتىدۇ (ھەربىر سەپ ئۆز ئورنىدا قالسىمۇ بولىۋېرىدۇ). ئىمام ئىككىنچى رەكئەتتە سەجدە قىلغاندا، ئىمامغا ياندىشقان سەپتىكىلەر ئىمام بىلەن بىرلىكتە سەجدە قىلىدۇ. ئىمامغا ياندىشقان سەپتىكىلەر ئىمام بىلەن بىرلىكتە تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان ۋاقىتتا، ئىمام بىلەن بىرلىكتە سەجدە قىلمىغان سەپتىكىلەر سەجدە قىلىدۇ ۋە تەشەھھۇدتا ئىمامغا يېتىشىۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىمام ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە سالام بېرىدۇ. «سەھىھ مۇسلىم» دا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە مۇشۇ شەكىلدە كەلگەن.

ئىككىنچى خىل شەكىل: ناماز ۋاقتى كىرگەندە مۇجاھىدلاردا

دۈشمەنگە نىسبەتەن قورقۇنچ بولۇپ قالسا، ئىمام ئۇلارنى ئىككى گۇرۇپ قىلىدۇ. بىر گۇرۇپ كىشىلەر دۈشمەنگە قارشى (ھارىستا) تۇرىدۇ، يەنە بىر گۇرۇپ كىشلەر ئىمام بىلەن بىرلىكتە بىر رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. ئىمام ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا، ئىمام بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغان گۇرۇپپىدىكى كىشلەر نامىزىنى تاماملاپ سالام بىرىپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سەپتىن ئايرىلىدۇ. يەنە بىر گۇرۇپپىدىكى كىشلەر سەپكە كىلىپ ئىمامنىڭ ئىككىنچى رەكئەت نامىزىغا قاتنىشىدۇ. ئىمام نامازنى ئۇلار بىلەن بىرگە ئوقۇيدۇ. ئىمام تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككىنچى رەكئەت نامازنى تولۇقلايدۇ، ئىمام ئۇلارنى ساقلاپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئىمامغا يېتىشىۋالغاندا ئىمام ئۇلار بىلەن بىرگە سالام بىرىدۇ. قورقۇنچ نامىزىنىڭ بۇ خىل شەكلىنى بۇخارى ۋە مۇسلىم سالىھ ئىبنى خەۋۋات رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان.

زور كۆپچىلىك ئالىملار شام نامىزىنى ئىمامنىڭ بىرىنچى گۇرۇپپىغا ئىككى رەكئەت، ئىككىنچى گۇرۇپپىغا بىر رەكئەت ئوقۇپ بىرىدىغانلىقىغا ئىتتىپاقدا كەلگەن. ئەگەر ئىمام بۇنىڭ ئەكسىچە قىلسا كۈچلۈك كۆزقاراشقا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ ئەمما ئۇنىڭ نامىزى دۇرۇس بولىدۇ چۈنكى شام نامىزى ھەققىدە پەيغەمبەر ﷺ دىن دەلىل كەلمىگەن.

مۇقىم تۇرغان ھالەتتە، تۆت رەكئەتلىك نامازدا ئىمامنىڭ بىرىنچى گۇرۇپپىغا ئىككى رەكئەت، ئىككىنچى گۇرۇپپىغا ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بىرىدىغانلىقىدا ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يوق. ئەگەر ئىمام مۇجاھىدلارنى تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، ھەربىر گۇرۇپپىغا بىر رەكئەتتىن ناماز ئوقۇپ بەرسە، ئاندىن مۇجاھىدلار كەم قالغان نامىزىنى ئۆزلىرى

تولۇقلىنىۋالسا بولۇۋېرىدۇ لېكىن بۇنداق قىلىش كۈچلۈك كۆزقاراش ئەمەستۇر.

ئۈچىنچى خىل شەكىل: ناماز ۋاقتى كىرگەندە ئىمام مۇجاھىدلارنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلىدۇ. بىرىنچى تۈركۈم مۇجاھىدلار دۈشمەن تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئىككىنچى تۈركۈم مۇجاھىدلار مەيلى ئىككى رەكئەتلىك، ئۈچ رەكئەتلىك ياكى تۆت رەكئەتلىك ناماز بولسۇن، ئىمام بىلەن بىرگە نامازنى تولۇق ئوقۇيدۇ ھەمدە ئىمام ئۇلار بىلەن بىرگە سالام بېرىپ نامازنى ئادا قىلىدۇ. ئاندىن ناماز ئوقۇپ بولغان مۇجاھىدلار دۈشمەن تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرىدۇ. بىرىنچى تۈركۈم مۇجاھىدلار نامازغا كېلىدۇ ۋە ئىمام ئۇلارغا نامازنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇپ بېرىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق بۇ ناماز مۇجاھىدلار ئۈچۈن پەرز، ئىمام ئۈچۈن نەپلە بولىدۇ. قورقۇنچ نامىزىنىڭ بۇ خىل شەكلىنى بۇخارى ۋە مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە نەقىل قىلغان.

2. قورقۇنچ قاتتىق بولغان ھالەت.

بۇ خىل ھالەت — دۈشمەن مۇجاھىدلارنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان ھالەت بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار بىر-بىرىنى كۆرىدۇ، دۈشمەن مۇجاھىدلارنى ناماز ئوقۇغىلى قويمايدۇ.

بۇ خىل ھالەتتىكى نامازنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى: مۇجاھىدلار پىيادە ياكى ئۇلاغلىق بولسۇن، قىبلىگە ئالدىنى قىلالىسۇن ياكى قىلالمىسۇن، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئوخشاشلا ئىشارەت بىلەن تاماملاپ، سەجدىنى رۇكۇدىن پەسرەك قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالًا أَوْ رُكْبَانًا﴾ «قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، پىيادە

ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ (ناماز ئوقۇڭلار)»[①]. بۇخارى بۇ خىل ئوقۇش شەكلىنى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان.

3. قوشۇنلار گىرەلىشىپ كەتكەن ھالەت.

بۇ خىل ھالەت ــ نەيزە ـ قىلىچلار ئۇچرىشىپ (ياكى ھازىرقى زاماندىكى ئۇرۇشلاردەك توپ ئوقلىرى چۇشۇپ، قول بومبىلىرى ئېتىلىپ، يېقىن ئارىلىقتىن ئاپتومات ـ پىلىموتلار ۋە ھەرخىل قوراللار بىلەن ئېتىشىپ) قورقۇنچ كۈچلۈك بولغان ھالەت بولۇپ، مۇجاھىدلار پىيادە ياكى ئۇلاغلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت بىلەن تاماملاپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلالىسۇن ياكى قىلالمىسۇن تاقىتىنىڭ يېتىشىچە نامازنى ئادا قىلىدۇ. ئەگەر نامازنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ياكى نامازدا نىمە دېگەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىسە، ياكى ئىشارەت قىلىپ ئوقۇشمۇ مۇمكىن بولمىسا ۋە ياكى جەملەشنى نىيەت قىلىپمۇ كېچىكتۈرۈشكە ئىمكان بولمىسا، نامازنى ئۇرۇش جىددىيچىلىكى پەسەيگىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ.

• بەشىنچى، فىقھشۇناس ئالىملار، قاتتىق قورقۇنچ بولغان ئەھۋالدا، مۇجاھىدلارنىڭ ئۇلاغقا ياكى ئۇلاغنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان قاتناش ۋاسىتىلىرىغا چىققان ھالىتىدە قىبلىگە ئالدىنى قىلالىسۇن ياكى قىلالمىسۇن، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت قىلىپ تاقىتى يەتكەن بويىچە ناماز ئوقۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقلا كەلگەن.

• ئالتىنچى، نامازدا قىبلىگە ئالدىنى قىلىش شەرت لېكىن جىھاد قىلىشقا ئوخشاش ئۆزرە بولۇپ، ئۇرۇش قورقۇنچىسى قاتتىق بولسا ۋە

---

[①] سۈرە بەقەرە 239 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇجاھىدلار نامازنى باشلىغاندىمۇ قىبلىگە ئالدىنى قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ قىبلىگە ئالدىنى قىلالمىسا، فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن دۇرۇستۇر.

• يەتتىنچى، ئىمامنىڭ نامازدا ئۈنلۈك قىرائەت قىلىشى سەۋەبىدىن دۈشمەنلەر مۇجاھىدلارنىڭ ئورنىنى بىلىپ قېلىش ياكى مۇجاھىدلار ناماز ئوقۇۋاتقاندا كاپىرلار ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقى بولسا، ئىمام ئاۋازىنى تۆۋەن قىلىدۇ. ئەگەر ئىمام ئاۋازىنى تۆۋەن قىلىپ ئوقۇشتىنمۇ خەۋپسىرىسە مەخپىي قىرائەت قىلىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا ئىمامغا گۇناھ بولمايدۇ.

• سەككىزىنچى، قورقۇنچ نامىزىدىكى سەۋەنلىك سەجدىسى

بىرىنچى گۇرۇپپىغا نىسبەتەن: ئەگەر نامازدا ئارتۇق قىلىش ياكى كەم قىلىش[①] سەۋەبلىك، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ئىمامغا ۋاجىب بولغان بولسا ھەممە ئەگەشكۈچىلەر بۇنى ھېس قىلسا، ئۆزلىرىنىڭ نامىزىنى تولۇقلاپ بولغاندىن كېيىن، ئىمامدىن سادىر بولغان سەۋەنلىك ئۈچۈن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

ئەگەر رۇكۇدىكى تەسبىھنى ئۇنتۇپ قېلىش ياكى قىلماسلىقتەك سەۋەنلىك تۈپەيلى سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ئىمامغا ۋاجىب بولغان بولسا ھەممە ئەگەشكۈچىلەر بۇنى ھېس قىلالمىسا، ئىمام ئۆزىنىڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئەگەشكۈچىلەر چۈشىنىدىغان ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇلارغا ئىشارەت قىلىپ قويىدۇ.

---

[①] نامازدىكى رەكئەت سانى، رۇكۇ ياكى سەجدە قاتارلىقلاردىن بىرەرسىنى ئارتۇق ياكى كەم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ .

ئىككىنچى گۇرۇپپىغا نىسبەتەن: ئىمام ئىككىنچى ياكى بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقاندا سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر سەۋەنلىك سەجدىسى قىلمىشقا بۇيرۇلىدۇ.

- توققۇزىنچى، ئەگەر مۇجاھىدلار نامازنى خاتىرجەم ھالەتتە باشلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ياكى باشقا ئاگاھلاندۇرۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى سەۋەبىدىن قورقۇنچ پەيدا بولسا، نامازنى ئۇزۇپ قورقۇنچ يوقالغاندىن كېيىن ئوقۇيدۇ. ئەگەر قورقۇنچ يوقىلىشتىن بۇرۇن نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە، قورقۇنچ نامىزى قىلىپ ئوقۇيدۇ.

- ئونىنچى، قان ئېقىۋاتقان ھالەتتىكى مۇجاھىدنىڭ نامىزى ئەگەر قان چوڭ-كىچىك تەرەت ئورۇنلىرىدىن چىقماي، باشقا ئورۇنلاردىن چىققان بولسا تاھارەت بۇزۇلمايدۇ ۋە ئوقۇلغان ناماز توغرا بولىدۇ. بۇ مالىك ۋە شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر ھەمدە ئىبنى تەيمىيە ۋە ئىبنى ھەزمىلەرنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە:

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ كان في غزوة ذات الرقاع فرمي رجل بسهم، فنزفه الدم، فركع، وسجد ومضى في صلاته» «پەيغەمبەر ﷺ زاتۇررىقائ غازىتىدا بار ئىدى. بىر كىشىگە ئوق تېگىپ قان كۆپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ كىشى رۇكۇ قىلدى، سەجدە قىلدى ۋە نامىزىنى تۈگەتتى».[1]

مۇسۇلمانلار جەڭ مەزگىللىرىدە، جاراھەتلەنگەن ۋە ئەزالىرىدىن قان ئېقىۋاتقان ھالەتتە ناماز ئوقۇۋېرەتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قان ئېقىۋاتقان

[1] بۇخارى توپلىغان.

ئەزالارنى يۇيۇشقا بۇيرۇغانلىقى نەقىل قىلىنمىغان.

ئەگەر ئۇ قان باشقا كىشىنىڭ قېنى بولسا، بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇ كىشى خۇددى قانغا مىلەنگەن قورالنى ياكى جاراھەتلەنگەن كىشىنى تۇتقانغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ نامىزى توغرا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتلەر مۇجاھىدلار ھەققىدىكى ئومۇمىي ئۆزرىلەر قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈمگە ئەھلى ئىلىملەر دەلىل كەلتۈرگەن.

• ئون بىرىنچى، مۇجاھىدلارنىڭ نامازدا قورال - ياراقلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىشى دۇرۇس بولۇپلا قالماستىن بەلكى دۈشمەنلەرنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان مۇجاھىدلارغا ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقى چوڭ بولسا، مۇجاھىدلارنىڭ نامازدا قورال - ياراقلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىشى ۋاجىب بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلْتَقُمْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُوا أَسْلِحَتَهُمْ﴾ «ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن» [1].

• ئون ئىككىنچى، قورقۇنچ نامىزىدا نىجىس نەرسىلەر يۇقۇپ قالغان قورالنى كۆتۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ. لېكىن زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا كۆتۈرۈۋېلىش دۇرۇس بولىدۇ ۋە نامازنى قايتا ئوقۇمايدۇ. چۈنكى ئۇ ناماز تاقەتنىڭ يېتىشىچە ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازدۇر.

• ئون ئۈچىنچى، قورقۇنچ نامىزىنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن قورقۇنچ يوقۇلۇپ ۋەزىيەت نورماللاشسا، مۇجاھىدلار قورقۇنچ نامىزىنىڭ قالغان قىسمىنى ئەمىنلىك نامىزى قىلىپ تاماملايدۇ.

[1] سۈرە نىسا 102 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

.

• ئون تۆتىنچى، ئەگەر مۇجاھىدلار بىرەر ۋەھىمىنى ھېس قىلىپ، يەنى نامەلۇم بىر نەرسىنى دۈشمەن دەپ گۇمان قىلىپ نامازنى قورقۇنچ نامىزى قىلىپ ئوقۇغان بولسا ۋە نامازدىن كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ دۈشمەن ئەمەسلىكى ئاشكارا بولسا، بۇ ھەقتىكى كۈچلۈك كۆزقاراش شۇكى، ئۇلار نامازنى قايتا ئوقۇمايدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇجاھىدلارغا قورقۇنچ بولغاندا نامازنى شۇنداق ئوقۇشقا ئىجازەت بەرگەن.

## ❖ ئىككىنچى تېما، مۇجاھىدلارنىڭ نامازنى قەسىر قىلىشى ۋە جەملەپ ئوقۇشى

• بىرىنچى، كۆپچىلىك ئالىملار، مۇجاھىدلارنىڭ بىر ئورۇندا مۇئەييەن مۇددەت تۇرۇشنى نىيەت قىلمىسا مۇساپىر ھالىتىدە بولىدىغانلىقىنى ۋە تۇرۇش مۇددىتى ئۇزىراپ كەتسىمۇ نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويىغان.

• ئىككىنچى، مۇجاھىد مۇقىم كىشى بولسىمۇ، دۈشمەندىن قورقۇنچ ھېس قىلسا نامازنى جەملەپ ئوقۇشى دۇرۇس بولىدۇ.

# مۇجاھىدنىڭ زاكاتتىكى ھوقۇقلىرى

• بىرىنچى، مۇجاھىدنىڭ زاكات ئېلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ يوق. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾ «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، الله نىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ الله نىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، الله (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1] . بۇ ئايەتتىكى «الله نىڭ يولىغا» دېگەن كەلىمىدە مەقسەت قىلىنغىنى ــ جىھادتۇر.

• ئىككىنچى، ئەگەر مۇجاھىد (سەپەر ياكى جىھادقا چىقىپ كەتكەن سەۋەبلىك) يوق بولسا ۋە ئۇنىڭ زاكات ئادا قىلىنىدىغان مال ـ مۈلكى بولسا، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ زاكىتى شەرئىي ۋاكالەت يولى ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

---

[1] سۈرە تەۋبە 60 ـ ئايەت.

.

# مۇجاھىدنىڭ روزىدىكى ھۆكۈملىرى

• بىرىنچى، مۇجاھىد مۇساپىر بولۇپ قالسا، رامىزاندا روزا تۇتماسلىقى دۇرۇس بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئەۋزەل ھېسابلىنىدۇ.

• ئىككىنچى، ئەگەر مۇجاھىد مۇقىم كىشى بولسىمۇ لېكىن دۈشمەنگە ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلسە، كۈچلۈك كۆزقاراش شۇكى، رامىزاندا روزا تۇتماسلىقى دۇرۇستۇر. ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ۋە ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ ئىسلام ئەسكەرلىرىگە شۇنداق پەتىۋا بەرگەن.

• ئۈچىنچى، ئەگەر مۇجاھىدنىڭ رامىزاندا روزىدار ھالەتتە دۈشمەنگە ئۇچرىشىشى ئېنىق بولسا، قوماندان «روزا تۇتۇش مۇجاھىدلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ، جىھاد قىلىشتىن ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ» دەپ قارىسا، بۇ ھالەتتە مۇجاھىدلارنى رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزىدە روزىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇرلىسا بولىدۇ، مۇجاھىدلار قوماندانغا ئىتائەت قىلىشى لازىم.

• تۆتىنچى، ئەسىرلىك ھالىتىدىكى مۇجاھىد ئەگەر ئايلارنى بىلەلمىسە، رامىزان ئېيىنى تېپىشقا تىرىشىدۇ ۋە رامىزان ئېيىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن روزا تۇتىدۇ.

بۇنداق روزا ئىككى خىل ھالەتتە بولۇپ، ئۇلار:

1. ئەسىرلىك ھالىتىدىكى مۇجاھىد رامىزان روزىسىنى تۇتقاندىن كېيىن رامىزان ئېيى ئېنىقلانمىغان بولسا، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى سەھىھ روزا ھېسابلىنىدۇ.

2. ئەسىرلىك ھالىتىدىكى مۇجاھىد رامىزان روزىسىنى تۇتقاندىن كېيىن رامىزان ئېيى ئېنىقلانغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ھالەتتىن چىقىپ كەتمەيدۇ:

(1). مۇجاھىد تۇتقان روزىسىنىڭ رامىزان ئېيىدا تۇتۇلغانلىقىنى بىلسە، تۇتقان روزىسى سەھىھ بولىدۇ.

(2). مۇجاھىد تۇتقان روزىسىنىڭ رامىزان ئېيىدىن كېيىن تۇتۇلغانلىقىنى بىلسە، تۇتقان روزىسى كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ روزا قازا روزىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

(3). مۇجاھىد تۇتقان روزىسىنىڭ رامىزان ئېيىدىن ئىلگىرى تۇتۇلغانلىقىنى بىلسە، تۇتقان روزىسى كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا روزىنى قايتا تۇتۇشى كېرەك.

# مۇجاھىدنىڭ ھەجدىكى ھۆكۈملىرى

- بىرىنچى، ئەگەر جىھاد پەرز ئەين بولسا، جىھاد ھەجدىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ. چۈنكى پەرز ئەين بولغان جىھادنى كېچىكتۈرمەي قىلىش ۋاجىبتۇر.
- ئىككىنچى، جىھاد پەرز كۇپايە بولۇپ ھەج پەرز ئەين بولسا، ھەج جىھادتىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ.
- ئۈچىنچى، جىھاد پەرز كۇپايە، ھەج نەپلە بولغاندا، جىھاد قىلىش ئەۋزەل بولىدۇ.

# جىھادتىكى ئومۇمىي ھۆكۈملەر

## ❖ جىھادقا چىقىشتا خەلىپىنىڭ رۇخسەت بېرىشى

مۇجاھىدلار دۈشمەننى ئىزدەپ جىھادقا چىققاندا، خەلىپە ياكى خەلىپىنىڭ نائىبىنىڭ رۇخسىتى بولۇشىنىڭ شەرىئەتتە يولغا قويۇلغانلىقىغا فىقھىشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن.

لېكىن خەلىپە جىھاد قىلىشقا بۇيرۇمايدىغان، جىھادقا تەييارلىق قىلمايدىغان ۋە دۈشمەنلەرگە قارشى جىھاد قىلىشقا سەل قارايدىغان كىشى بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئىش ئۈستىدىكى گېپى ئۆتىدىغان نوپۇزلۇق كىشىلەر بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن مۇجاھىدلار خەلىپىنىڭ رۇخسىتىسىز جىھادقا چىقسا بولىدۇ.

مۇجاھىد ئىسلام دىيارلىرىنى قوغداش ئۈچۈن جىھادقا چىقماقچى بولغاندا، خەلىپىدىن رۇخسەت سوراش قىيىن بولۇپ قالسا ياكى خەلىپە رۇخسەت بەرمىسە، مۇجاھىد خەلىپىدىن رۇخسەت ئالماستىن جىھادقا چىقسا بولىدۇ. بۇ توغرىسىدا فىقھىشۇناس ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق.

## ❖ جىھادقا چىقىشتا ئاتا ـ ئانىنىڭ رۇخستىنى ئېلىش

جىھادقا چىقىش بالا ئۈچۈن پەرز ئەين بولغاندا، جىھادقا چىقىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىشى شەرت ئەمەس. بۇ ھۆكۈمگە فىقھىشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن.

ئەگەر جىھاد پەرز ئەين بولمىسا، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىشى شەرت بولۇپ، بۇ ھۆكۈم ھەققىدە فىقھىشۇناس ئالىملار ئارىسىدا

ئىختىلاپ يوق.

### ❖ جىھادقا چىقىشتا قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش

جىھاد پەرز ئەين بولغاندا، مۇجاھىدنىڭ جىھادقا چىقىش ئۈچۈن قەرز ئىگىسىدىن رۇخسەت ئېلىشى شەرت قىلىنمايدۇ. مەيلى دەرھال ئادا قىلىدىغان قەرز بولسۇن ياكى ئۇنداق بولمىسۇن، قەرزدار مۇجاھىد قىيىنچىلىقتا قالغان بولسۇن ياكى ئۇنداق بولمىسۇن جىھادقا چىقىۋېرىدۇ، بۇ ھەقتە فىقھىشۇناس ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق.

ئەگەر جىھاد پەرز ئەين بولمىسا، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ھالەتتىن خالىي بولالمايدۇ:

• بىرىنچى خىل ھالەت، ئەگەر قەرز دەرھال ئادا قىلىنىدىغان قەرز بولۇپ قەرزدار كىشى باي بولسا، قەرزنى ئادا قىلماي تۇرۇپ ياكى قەرزگە يېتەرلىك ئىقتىسادىنى قالدۇرۇپ قويماي تۇرۇپ ۋە ياكى كېپىل بولىدىغان كىشىنى بېكىتمەي تۇرۇپ، قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز جىھادقا چىقىشى دۇرۇس بولمايدۇ. بۇ ھەقتە فىقھىشۇناس ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق.

• ئىككىنچى خىل ھالەت، ئەگەر قەرز دەرھال ئادا قىلىنىدىغان قەرز بولۇپ، قەرزدار كىشى كەمبەغەل بولسا، جىھادقا چىقىشتا قەرز بەرگۈچىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش شەرت قىلىنىدۇ.

• ئۈچىنچى خىل ھالەت، ئەگەر قەرز كېچىكتۈرۈلۈپ ئادا قىلىنىدىغان بولسا ھەم جىھادقا چىقىشتا قەرز بەرگۈچىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش شەرت قىلىنىدۇ.

## ❖ جىھادقا چىققىشتا ئەسكىرىي قوماندانىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش

ئەگەر پاسىق قوماندان مۇسۇلمانلارنى قوغدىسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جىھادقا چىقىش دۇرۇس بولىدۇ، ئۇنىڭ پاسىقلىقى ئۆزىگە بولىدۇ. بۇ ھەقتە فىقھشۇناس ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق.
ئاياللار مۇجاھىدلارغا سۇ يەتكۈزۈش، جاراھەتلىرىنى داۋالاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن مۇجاھىدلار بىلەن بىرگە جىھادقا چىقسا دۇرۇس بولۇپ، ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قالسىمۇ كېرەك يوق، بۇ ھۆكۈم ھەققىدە فىقھشۇناس ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق.

## ❖ مۇجاھىدنىڭ قۇرئاننى يېنىدا ئېلىپ دۈشمەن زېمىنىغا سەپەر قىلىشى

قۇرئاننىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە، مۇجاھىدنىڭ قۇرئاننى دۈشمەن زېمىنىغا ئېلىپ چىقىشى دۇرۇس بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أنَّ النبيَّ ﷺ نهى أن يسافر بالقرآن إلى أرض العدو» «پەيغەمبەر ﷺ قۇرئان بىلەن دۈشمەن زېمىنىغا سەپەر قىلىشتىن توسقان». [1]
ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان بۇ ھەدىس ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ قۇرئاننى دۈشمەن زېمىنىغا ئېلىپ چىقىشى دۇرۇس بولمايدۇ. مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھىپىدىكى ئالىملار ھەمدە ئىبنى ھەزىممۇ مۇشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

زور كۆپچىلىك ئىلىم ئەھلىلىرى دۈشمەنگە كېچىدە ھۇجۇم قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقلاشقان. سەئىب ئىبنى جۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سئل رسول اللّٰه ﷺ عن أهل الدار يبيتون من المشركين فيصاب من نسائهم وذراريهم قال :هم منهم» «پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇشرىكلارغا كېچىدە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە ئۇششاق باللىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىق توغرۇلۇق سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: <مۇشرىكلارنىڭ ئايال ـ باللىرىمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن> دېگەن».[1]

قوشۇن ئەمىرىنىڭ دۈشمەن ئۈچۈرلىرى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىلىرى ۋە ئەسكىري قۇۋۋىتىنى ئىنىقلاش ئۈچۈن كۆزەتچىلەرنى ئەۋەتىشى دۇرۇس بولىدۇ، بۇ ھەقتە فىقھشۇناس ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. كۆزەتچىلەرنى ئەۋەتىش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جىھادلىرىدىكى ئادىتىدۇر.

جەڭدە كاپىرلارنى ئالداشنىڭ ۋە ئۇلارغا ئىمكانقەدەر ھىيلە ئىشلىتىشنىڭ دۇرۇسلۇقىدا ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يوق.

زۆرۈرىيەت تېپىلغان چاغدا دۈشمەنگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كاپىرلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. بۇنىڭغا ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. زۆرۈرىيەت تېپىلمىغاندا كاپىرلاردىن ياردەم سوراش ھارام بولىدۇ، بۇ ھۆكۈمنى مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكى ئالىملار ھەمدە ئىبنى ھەزىممۇ ئوتتۇرىغا قويغان.

دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقاندا اللّٰه تىن دۈشمەنلەرگە قارشى ياردەم سوراپ دۇئا قىلىش مۇستەھەب بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقاندا

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئۇلارغا قارشى الله تىن ياردەم سوراپ دۇئا قىلاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدر غازىتى قىسسىسىدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىبلىگە ئالدىنى قىلغانلىقىنى نەقىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، دۇئادا قىبلىگە ئالدىنى قىلسا بولىدۇ.

دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقاندا تەكبىر توۋلاش ۋە الله نى كۆپ زىكىر قىلىش مۇستەھەب. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار».[1]

## ❖ مۇجاھىدلار دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقاندا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىككى خىل ئەھۋال

• بىرىنچى، دۈشمەنلەرنىڭ سانى مۇجاھىدلار سانىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر بولسا ياكى ئىككى ھەسسىسىدىن ئاز بولسا، مۇجاھىدلارنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشى ۋاجىب، دۈشمەنلەردىن قېچىشى ھارام بولىدۇ. لېكىن دۈشمەنلەر بىلەن قايتا ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يۆتكىلىشى ياكى مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن چېكىنىشى ھارام بولمايدۇ. فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ ھەممىسى بۇ ھۆكۈمدە بىرلىككە كەلگەن.

«التحرف» ھالىتى ـــ مۇجاھىدلارنىڭ ئۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، بىر ئورۇندىن تېخىمۇ پايدىلىق بولغان يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىلىشىنى

---

[1] سۈرە ئەنفال 45ـ ئايەت.

كۆرسىتىدۇ.

«التحيز» ھالىتى ـــ مۇجاھىدلارنىڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى تەرەپكە چېكىنىپ، ئۇلار بىلەن كۈچىيىشىنى كۆرسىتىدۇ.

• ئىككىنچى، دۈشمەنلەرنىڭ سانى مۇجاھىدلار سانىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن كۆپ بولغاندا، مۇجاھىدلارنىڭ «مۇستەھكەم تۇرساق دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز» دېگەن گۇمانى كۈچلۈك بولسا، مۇجاھىدلارنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشى لازىم بولىدۇ؛ «كۈچىمىز يەتمەي قالىدۇ» دېگەن گۇمانى كۈچلۈك بولسا، ئۇلارنىڭ چېكىنىشى دۇرۇس بولۇپ، فىقھىشۇناس ئالىملارنىڭ ھەممىسى بۇ ھۆكۈمدە بىرلىككە كەلگەن.

«ئۇرۇشقا قاتناشقان ياكى قاتناشمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دۈشمەنلەردىن ئۇرۇشقا شېرىك بولغان[1] ھەرقانداق كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېگەن ھۆكۈم ھەققىدە فىقھىشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن.

ساھابىلەر ھۇنەين غازىتى كۈنى دۇرەيد ئىبنى سىممە ئىسىملىك بىر كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ بەك قېرى كىشى بولۇپ، ئۇرۇش قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسىمۇ، مۇشرىكلار ئۇنىڭ پىكرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى جەڭگە بىللە ئېلىپ چىققان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلەرنى ئەيىبلىمىگەن.[2]

بىلىڭكى، ئى مۇجاھىد قېرىندىشىم! دۈشمەنلەرگە مەنسۇپ بولغان بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەر ۋە ئۇرۇشقا قادىر بولالايدىغانلار جەڭ مەيدانلىرىدا

[1] ئۇرۇشقا شېرىك بولۇش بولسا ئەمەلىيىتى، پىكرى ياكى باشقىلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق بولىدۇ. ـــ تەرجىماندىن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۈچراپ قالسا، ئىختىلاپسىز ھالدا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

دۈشمەنلەرنىڭ ئاياللىرى ـ بالىلىرى ئۇرۇشقا قاتناشمىسا ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق، لېكىن ئۇلار ئۇرۇشقا قاتناشسا[1] ئىختىلاپسىز ھالدا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بەك قېرى كىشىلەر ۋە راھىبلار ھەرقانداق ھالەتتە ئۇرۇشقا شېرىك بولمىسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرىغا قويغان.

مۇجاھىدلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆلتۈرۈشى ياكى ئۇلارغا دەسلەپتە ئۇرۇش قوزغىشى دۇرۇس بولۇپ، قارشى تەرەپتىكىلەر مۇجاھىدلارنىڭ دادىلىرى، ئوغۇللىرى ياكى قېرىنداشلىرى بولسىمۇ ھۆكۈم ئوخشاش بولىدۇ.

### ❖ قالقان قىلىۋېلىش مەسىلىسى

• بىرىنچى، قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقان ھالەتتە، دۈشمەنلەر ئاياللىرى ـ بالىلىرىنى قالقان قىلىۋالسا، ئاياللار ـ بالىلار ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە ھەرخىل قوراللار بىلەن دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىۋېرىدۇ.

• ئىككىنچى، دۈشمەنلەر مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قالقان قىلىۋالسا، تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئەھۋال يۈز بېرىدۇ:

1. كاپىرلار ئىسلام دىيارلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن ياكى جەڭ گىرەلىشىپ كەتكەن ھالەتتە قالقان قىلىۋېلىش يۈز بەرسە، مۇجاھىدلارنىڭ كاپىرلار بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش ياكى ئۇلارغا

[1] ئەمەلىي ياكى ھۆكۈم جەھەتتىن ئۇرۇشقا قاتنىشىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — تەرجىماندىن.

ئوق ئېتىش مەسىلىسىدە فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق، لېكىن دۈشمەن قالقان قىلىۋالغان مۇسۇلمانلارغا زەرەر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن مۇجاھىدلار ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ساقلىنىدۇ.

2. ئەگەر جەڭ قاتتىق ئەۋجىگە چىقمىغان ۋە دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارغا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتمىغان ھالەتتە قالقان قىلىۋېلىش يۈز بەرسە، دۈشمەنلەرگە ئۇرۇش قوزغاش ۋە ئۇلارغا ئوق ئېتىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ قېنىنى قوغداش كاپىرنى ئۆلتۈرۈشتىن مۇھىمدۇر. بۇ زور كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر.

كاپىرلارنىڭ ئايال-باللىرىنى ئەسىر ئېلىش، قۇل قىلىش ۋە ئۇلارنى جەڭ قىلغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، مۇجاھىدلارنىڭ ئۇلارنى خوتۇن قىلىشى ھارام بولىدۇ، چۈنكى ئەۋرەت (يەنى جىنسىي مۇناسىۋەت) نىڭ ئەسلىسى ھارامدۇر. ئۇ پەقەت شەرئىي نىكاھ ۋە چۆرە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەنلا ھالال بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ ۞ إِلَّا عَلَىٰ أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ ۞ فَمَنِ ابْتَغَىٰ وَرَاءَ ذَٰلِكَ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْعَادُونَ ۞﴾ «ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر [5]. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر، بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ [6]. بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر [7]».①

ئەگەر مۇجاھىد كاپىرلارنىڭ ئاياللىرىغا غەنىيمەت تەقسىماتىدىن

---

① سۈرە مۇئمىنۇن 5-، 6- ۋە 7-ئايەتلەر.

كېيىن ئەگە بولغان بولسا، ئۇلارنى ئىددەتتە تۇتقاندىن كېيىن خوتۇن قىلىش دۇرۇس بولىدۇ چۈنكى ئۇلار چۆرىنىڭ ھۆكمىدە بولغان بولىدۇ.

كۆچلۈك قاراش شۇكى، كاپىرلارنىڭ ئاياللىرىدىن ئېلىنغان ئەسىرلەرنى قول قىلىش، فىدىيە ئېلىپ قويۇۋېتىش ياكى ئېھسان قىلىپ ھېچنەرسە ئالماستىن قويۇپ بېرىش قاتارلىق ئىشلاردىن خەلىپە ياكى قوماندان مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك بولغىنىنى قىلىدۇ.

كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى مۇسلە قىلىش[1] دۇرۇس بولمايدىغانلىقىغا فىقھشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. بۇ ھەقتە سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىزنى (كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنىڭ) بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىنى كېسىشتىن توسقان ئىدى».[2]

ئەگەر كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى مۇسلە قىلىشتا مۇجاھىدلار ئۈچۈن بىرەر مەنپەئەت بولسا ياكى كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەتلىرىنى مۇسلە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوخشىشىنى قىلىش مەقسەت قىلىنغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى مۇسلە قىلىش دۇرۇستۇر. بۇنى فىقھشۇناس ئالىملار ئوچۇق بايان قىلغان.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىرەر مەنپەئەتنى ياكى دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلىپ، شەھىد بولۇپ كېتىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، مۇجاھىدنىڭ ئۆزى يالغۇز ھالدا دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىشى دۇرۇس بولىدۇ. كۆپچىلىك فىقھشۇناس ئالىملار بۇ قاراشنى

---

[1] مۇسلە قىلىش — بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىنى كېسىش ئارقىلىق جەسەتلىرىنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋېتىشتۇر.

[2] بۇخارى نەقىل قىلغان.

توغرا دەپ قارىغان.

ئالىملارنىڭ بايانلىرىدىكى كۆچلۈك كۆزقاراش شۇكى، ئىستىشھادىي ئەمەلىيىتى بولسا اﷲ يولىدىكى جىھاد تۈرلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈكلىرىدىن بولۇپ، قۇرئان ئىشارەت قىلغان ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغان قورقۇتۇش تۈرلىرىدىن سانىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتنى «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق» دېيىش تۈپتىن خاتا بولۇپ، بۇ — ئۆزىنى پىدا قىلالايدىغان باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدۇر.

جەڭ بولۇۋاتقان ھالەتتە باشقا ئۇسۇللار بىلەن كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئۇلارنى ئوت بىلەن كۆيدۈرسە دۇرۇس بولىدىغانلىقى ھەققىدە فىقھشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. ئەگەر ئوتتا كۆيدۈرۈشتىن باشقا ئۇسۇل ئارقىلىق دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتى بولسا، ئۇلارنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش دۇرۇس بولمايدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ﷺ كاپىرلاردىن ئىككى كىشىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇپ، ئاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: <وإن النار لا يعذب بها إلا اللّٰه فإن أخذتموهما فاقتلوهما> <ھەقىقەتەن ئوت بىلەن پەقەت اﷲ تائالا ئازابلايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇ ئىككىسىنى تېپىپ قالساڭلار ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار>».[1]

جەڭ بولۇۋاتقان ھالەتتە كاپىرلارنى سۇغا غەرق قىلىشتىن باشقا ئۇسۇل بىلەن كاپىرلارنى بويسۇندۇرغىلى بولمىسا ياكى ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش مەقسەت قىلىنسا سۇغا غەرق قىلىۋېتىش دۇرۇس بولىدۇ. فىقھشۇناس ئالىملار بۇنداق قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

[1] بۇخارى توپلىغان.

دۈشمەنگە مەنچاناق، زەمبىرەك، ساروخ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قوراللارنى ئېتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە فىقھشۇناس ئالىملار ئىتتىپاقا كەلگەن.

مۇجاھىدلار يېڭى تىپتىكى قورال-ياراقلارنى تونۇشى، ئۇلارنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ زەربىسىدىن ساقلىنىش ئۇسۇللىرىنى بىلىشى لازىم. مۇجاھىدلارنىڭ ئاتوم قورالىنى قولغا كەلتۈرۈشى دۇرۇس بولۇپ، بۇنداق قىلىش قۇۋۋەت تەييارلىغانلىق ۋە دۈشمەنلەرنى قورقۇتقانلىق ھېسابلىنىدۇ. مۇجاھىدلارنىڭ بۇ قوراللارنى ئىشلىتىشى دۇرۇس بولىدۇ، بولۇپمۇ تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەتتە بۇ قوراللارنى ئىشلىتىشى تېخىمۇ دۇرۇس بولىدۇ:

بىرىنچى خىل ھالەت، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ياكى مۇسۇلمانلارنى قوغداش ئۈچۈن مۇشۇ قوراللارنى ئىشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، بۇ خىل قوراللارنى ئىشلىتىش تېخىمۇ دۇرۇس بولىدۇ.

ئىككىنچى خىل ھالەت، كاپىرلار بىزگە ئاتوم قورالىنى ئىشلەتكەن بولسا، ئوخشىشىنى قىلىش ئۈچۈن بىزمۇ ئاتوم قورالىنى ئىشلىتىمىز. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُمْ بِهِ وَلَئِنْ صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِلصَّابِرِينَ﴾ «ئەگەر (ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان-زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان-زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر».① بۇ ئايەتنىڭ ئومۇمىيلىقى ئىككىنچى خىل ھالەتتىكى ھۆكۈمگە دەلىل

① سۈرە نەھل 126- ئايەت.

بولالايدۇ.

مۇجاھىدلار قوماندانى مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنلەردىن قوغداش ئۈچۈن قوغدىنىش تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇشى لازىم. خەندەك كولاش، تىكەنلىك سىملارنى قويۇش، مىنا كۆمۈش، راكېتا ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلار قوغدىنىش تەدبىرلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى تەييارلاڭلار»[1]. بۇ ئايەت يۇقىرىقى ھۆكۈمگە دەلىل بولالايدۇ ھەمدە بۇ ئايەت كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش ۋە ئازابلاشقا ئېلىپ بارىدىغان قۇۋۋەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۈشمەندىن ئېلىنغان قورال-ياراق ۋە مال-مۈلۈككە ئوخشاش غەنىيمەتلەرنى دۈشمەننىڭ قايتۇرۇۋېلىشىدىن خەۋپسىرىگەن بولسا، مۇجاھىدلارنىڭ ئۇنى بۇزۇۋېتىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىدە فىقھشۇناس ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يوق. چۈنكى دۈشمەننىڭ ماللىرىنى بۇزۇۋېتىش ئارقىلىق دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگىلى ۋە ئۇلارنى مەنىۋىيەت جەھەتتىن ئازابلىغىلى بولىدۇ. مانا بۇ بولسا تەلەپ قىلىنغان ئىشتۇر.

ئەمما دۈشمەننىڭ ماللىرىنى، قايتۇرۇۋېلىشىدىن ئەنسىرىمىسە ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا غەنىيمەت بولۇپ قالىدىغانلىقى ئېنىق بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنى بۇزۇۋېتىش دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلارغا غەنىيمەت بولىدىغان بولۇپ، ئۇنى بۇزۇۋېتىش بولسا مالنى زايە قىلىۋەتكەنلىكتۇر.

[1] سۈرە ئەنفال 60- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

### ❖ مۇجاھىدلارنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ شەھەرلىرىگە ئوت قويۇۋېتىشى، زىرائەتلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشى ۋە دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلىشىنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەبلەر

• بىرىنچى، دۈشمەننى چېكىندۈرۈپ ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش.

• ئىككىنچى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «حرق النبي ﷺ نخل بني النضير وقطع» «پەيغەمبەر ﷺ بەنى نەزىرنىڭ خورمىلىرىنى كۆيدۈرگەن ۋە كېسىپ تاشلىغان ئىدى». ①

• ئۈچىنچى، جەڭ ھالەتلىرىدە دۈشمەنلەر پايدىلىنىدىغان ھەرقانداق ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە فىقھشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى بۇ دۈشمەنلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ۋە مۇجاھىدلارنىڭ غەلىبىسىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىندۇر. شۇنىڭدەك دۈشمەنلەرنىڭ ھايۋانلىرىدىن مۇجاھىدلارنىڭ پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش دۇرۇستۇر.

• تۆتىنچى، دۈشمەن قولىدىكى مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قورال-ياراقتىن باشقا مال بىلەن ئالماشتۇرۇپ قۇتقۇزۇشنىڭ دۇرۇس بولۇپلا قالماستىن بەلكى ۋاجىب ئىكەنلىكىگە فىقھشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «فكوا العاني وهوالأسير» «ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇڭلار». ②

• بەشىنچى، مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى دۈشمەن ئەسىرلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش مەسىلىسىنى كۆپچىلىك فىقھشۇناس ئالىملار دۇرۇس

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى توپلىغان.

دەپ قارىغان.

- ئالتىنچى، مۇجاھىدنىڭ ئەسىرلىكتىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى بولسا، دۈشمەنلەردىن ئۆلتۈرەلىگىنىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن ئالالىغىنىنى ئېلىپ قېچىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە فىقھشۇناس ئالىملار ئىتتىپاقلا كەلگەن.
- يەتتىنچى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھەرقانداق سەۋەب ياكى ۋاستە بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ھالدا دۈشمەنلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشى ھارامدۇر.

▪ مۇجاھىدلار قوماندانى جاسۇسنىڭ جازاسىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ئۇ «جاسۇسنى ئۆلتۈرۈشتە بىرەر مەنپەئەت بار» دەپ قارىسا ئۆلتۈرىدۇ، «ئۆلتۈرۈشتە بىرەر مەنپەئەت يوق» دەپ قارىسا ئۇنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ۋە باشقا جاسۇسلارنى چەكلىگىلى بولىدىغان جازا قوللىنىدۇ.

### ❖ غەنىيمەت ۋە ئولجىنىڭ ھۆكۈملىرى

ئەھلى ئىلىملەر، خىيانەت قىلىنغان مال مىقدارىنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، غەنىيمەت ياكى ئولجىغا خىيانەت قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

«الغلول» (خىيانەت قىلىش) — غەنىيمەت ياكى ئولجىدىن مۇجاھىدلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىش ۋاجىب بولغان ئەمما تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن مەنپەئەتلىنىش دۇرۇس بولمايدىغان نەرسىلەرنى مەخپىي ئېلىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

«ئەمىر خىيانەت قىلغان كىشىنى ئۇرۇش ۋە سولاپ قويۇش

ئارقىلىق شۇنداق خىيانەتنىڭ ئوخشىشىنى چەكلەش مەقسىتىدە خىيانەت قىلغۇچىغا ئۆزى خالىغان جازانى قوللانسا بولىدۇ» دېگەن ھۆكۈمدە فىقھشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. «خىيانەت قىلغۇچىنىڭ يۈك-تاقىسى ۋە مال-مۈلكى كۆيدۈرۈلمەيدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى كۆپچىلىك ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان.

دۈشمەنگە ئۆرۈش قىلىش ئۈچۈن قورالغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، مۇجاھىدنىڭ تەقسىم قىلىنمىغان غەنىيمەتتىن قورال ئېلىپ ئىشلىتىپ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن غەنىيمەتكە قايتۇرۇپ بەرسە دۇرۇس بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملار ئىتتىپاقتا كەلگەن.

«(جەڭ ھالىتىدە) غەنىيمەتتىن ھاجەت مىقدارىدا يېيىش دۇرۇس» دېگەن ھۆكۈم ھەققىدە ئالىملار ئىجماغا كەلگەن.

دۈشمەنلەرگە قورال-ياراق سېتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ يوق، ئەمما دۈشمەنلەردىن قورال-ياراق سېتىۋېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ھەققىدە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن.

ئۇرۇش دىيارىدا ياكى باشقا دىيارلاردا بولسۇن، مۇجاھىدلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا جازانىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرىغا قويغان.

مۇجاھىدلارنىڭ ئۆزلىرىگە ۋاجىب بولغان زاكات، كەففارەت، قەرز ۋە ئامانەتكە ئوخشاش ھەقلەرنى ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولۇپ، بۇ ھۆكۈم ھەققىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق.

مۇجاھىدلارنىڭ جىھادقا چىقىشتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلارغا ۋەسىيەت قالدۇرۇشى مۇستەھەب بولۇپ، ۋەسىيەتنى يېزىپ قويۇشى ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھچى قىلىشمۇ مۇستەھەبتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش

ئارقىلىق ۋەسىيەتنى ياخشى قوغدىغىلى بولىدۇ.

مۇجاھىدنىڭ مىراسخورلىرى بار بولسا مال-مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇقىنى ۋەسىيەت قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. لېكىن مىراسخورلىرى ئىجازەت بەرگەن بولسا ياكى ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان مۇجاھىدنىڭ مىراسخورلىرى بولمىسا، مال-مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇقىنى ۋەسىيەت قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

جەڭ مەيدانىدا يوقاپ كەتكەن مۇجاھىدنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلىمىگۈچىلىك ئۇنىڭ مال-مۈلكى مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدىغانلىقىغا فىقھشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. ئۇ مۇجاھىدنى تۆت يىل كۈتىدۇ چۈنكى تۆت يىل ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى بىلىشكە يېتەرلىك مۇددەتتۇر.

مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىسىدا جەڭ بولۇۋاتقان رايونلاردا مۇجاھىدنىڭ نىكاھلىنىشى دۇرۇس بولىدۇ.

ئەسىرلىك ھالىتىدىكى مۇجاھىدنىڭ ئازاد بولۇشتىن بۇرۇن نىكاھلىنىشى دۇرۇس ئەمەس. لېكىن زىناغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقسا، ئەزلە قىلىش (يەنى مەنىينى پەرجىنىڭ سىرتىغا تۆكۈش) شەرتى بىلەن نىكاھلانسا دۇرۇس بۇلىدۇ.

بىر مۇجاھىد قېنى ھارام بولغان بىر مۇسۇلماننى دۈشمەن زېمىنىدا قەستەن ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، كۈچلۈك كۆزقاراش شۇكى، ئۇ مۇجاھىدتىن قىساس ساقىت بولمايدۇ. مانا بۇ — زور كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر.

ئەگەر مۇجاھىد جەڭدە بىرەر مۇسۇلماننى خاتا ئۆلتۈرۈپ قويسا ئۇنىڭغا دىيەت كېلىدىغانلىقىغا فىقھشۇناس ئالىملار بىرلىككە

كەلگەن. بۇ دېيەتنى شۇ خاتا ئۆلتۈرۈپ قويغان مۇجاھىدنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

بەزى ئالىملار: «مۇجاھىدقا دۈشمەن زېمىنىدا ھەد[1] ئىجرا قىلىنماي كېچىكتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇلار ئىسلام دىيارىغا قايتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ» دېگەن. بۇ كۆزقاراش كۈچلۈك بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە باشقا ساھابىلەردىن نەقىل قىلىنغان ھەمدە بۇ كۆزقاراش ھەققىدە ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمىز.

---

[1] ھەد ــ جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىگە يۈرگۈزۈلىدىغان جازانى كۆرسىتىدۇ.

# شاھادەت ۋە شەھىدلەرنىڭ ھۆكۈملىرى

شاھادەتنى ئارزۇ قىلىش ۋە ئىزدەش ئەمەللەرنىڭ ئەۋزەللىرىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ شاھادەتنى ئارزۇ قىلىپ مۇنداق دېگەن: «والذي نفسي بيده، لوددت أني أقتل في سبيل اللَّه، ثم أحيا...» «جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى ئاندىن تىرىلدۈرۈلۈشۈمنى...ئارزۇ قىلىپ قالدىم».[1]

سەھل ئىبنى ھەنىيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من سأل الشهادة بصدق، بلغه اللَّه منازل الشهداء، وإن مات على فراشه»: «كىمكى الله تائالادىن شاھادەتنى راستچىللىق بىلەن تىلىسە، گەرچە ئۇ كۆرپىسىدە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، الله ئۇ كىشىنى شەھىدلىك ماقامىغا يەتكۈزىدۇ».[2]

مۇجاھىدلاردىن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن ھەرقانداق كىشىنى سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ھۆكۈم قىلىش، قەلبىنى الله قا تاپشۇرۇش (قائىدىسى بويىچە) «شەھىد» دېگەن نام بىلەن ئاتاش دۇرۇس بولىدۇ. بۇ سەھىھ قاراشتۇر.

پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن: «يغفر للشهيد كل ذنب إلا الدين» «شەھىدلەرنىڭ قەرزدىن باشقا گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».[3] بۇ ھەدىس ۋە بۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەرنىڭ مەنىسى مۇتلەق ئىشلىتىلمەيدۇ. فىقھشۇناس ئالىملار بۇ ھەقتە مۇنداق

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

دېگەن: «قەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ۋەكىل ۋە قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك مال ـ مۈلۈك قويۇپ قويغان بولسا ياكى قەرز قايتۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، شەھىد يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ھۆكۈمىدىن چىقىپ كېتىدۇ».

جەڭ دائىرىسى ــ ئۇرۇش بولۇۋاتقان جەڭ زېمىنى بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن ئورۇن بىلەن چەكلەنمەيدۇ بەلكى ھازىرقى زامان جەڭ قوراللىرىنىڭ يۇقىرى ئىقتىدارى سەۋەبلىك يۈز مىڭلارچە مىل[1]لارغا كېڭىيىدىغان بولۇپ، ئۇ ھاۋا ياكى دېڭىز ۋە ياكى قۇرۇقلۇق بولسۇن «جەڭگاھ» دەپ تونۇلىدۇ.

سەھىھ كۆزقاراشقا ئاساسەن، كاپىرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى شەھىد ھېسابلىنىدۇ.

«بىر مۇجاھىد جەڭ مەيدانىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا ياكى باشقا مۇسۇلمانلار ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر مۇجاھىدنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۆلگۈچى <شەھىد> دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ» دېگەن كۆزقاراش ــ ئالىملارنىڭ سەھىھ كۆزقارىشىدۇر.

ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام مالىك «جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈك ھالەتتە تېپىلغان بىر كىشىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلەر بولمىسا ياكى ئۇنىڭ ۋاپات تېپىش سەۋەبىمۇ ئېنىقلانمىسا، ئۇ كىشى جەڭ شەھىدلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ» دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ ــ كۈچلۈك كۆزقاراشتۇر شۇنداقلا ئىمام ئەھمەدنىڭ يەنە بىرخىل قارىشىدۇر.

«جەڭ مەيدانىدا شەھىد بولغان كىشىنىڭ شاھادىتىگە مۇئەييەن

---

[1] بىر مىل قۇرۇقلۇقتا 1609 مېتىرغا تەڭ.

بىر قورال شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى شاھادەتكە دۈشمەن سەۋەب قىلىنىدۇ» دېگەن كۆزقاراشقا تۆت ئىمام بىرلىككە كەلگەن.

كۆپچىلىك ئالىملار «جەڭ شەھىدلىرى يۇيۇلمايدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزى ئالىملار: «بۇ ھۆكۈمگە ئىجما بار» دەپ قارىغان.

شەھىدنىڭ مۇسىبەتلەنگەن ھالەتتىكى كىيىمى بىلەن دەپنە قىلىنىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە فىقھشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. كۈچلۈك كۆزقاراش شۇكى، شەھىدنىڭ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش دۇرۇس بولمايدۇ.

شەھىدنىڭ كىيىمى جەڭدە سالدۇرۇۋېتىلگەن بولسا، ئۇنى ۋاپات بولغان باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش كېپەنلەش ۋاجىب بولىدۇ.

كۆپچىلىك ئالىملار «شەھىدنىڭ كىيىمىدىن باشقا ھەممە نەرسىلىرى سالدۇرۇۋېلىنىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ قورالى، تۆمۈر كىيىملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇق ئۆتمەس قالپاق، ئۇق ئۆتمەس كىيىم قاتارلىق نەرسىلىرى سالدۇرۇۋېلىنىدۇ.

## ❖ شەھىدلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش

شەھىدلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ھەققىدە ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «شەھىدلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ھەققىدىكى توغرا قاراش شۇكى، شەھىدلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ياكى چۈشۈرمەسلىككە ئىختىيارلىق بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەربىرىگە دەلىل كەلگەن».

ئۆلتۈرۈلگەن جاي شەھىدلەر ئۈچۈن ياخشى بولۇپ قالسا، شەھىدلەر ئۆلتۈرۈلگەن جايىغا دەپنە قىلىنىدۇ. لېكىن شەھىدلەرنىڭ

جەسەتلىرىنى قىيىنىتىش، كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى مۇسلە ھ[1] قىلىپ ئۆزگەرتىۋېتىش قاتارلىق ئىشلاردىن ئەنسىرىسە، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى يۆتكەش دۇرۇس بولىدۇ.

ئى الله ! بەختلىك كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى، شەھىد بولۇپ ئۆلتۈرۈلۈشنى ۋە دۈشمەنلەرگە قارشى ياردەم بېرىشىڭنى سورايمىز.

بارلىق ھەمدۇ-سانالار سالىھ ئەمەللەر پەقەت ئۇ زاتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن مۇكەممەل بولىدىغان الله قا خاستۇر.

بىز سىلەرگە بۇ دەرسلەردىن ئومۇمىيراق ۋە كەڭرى بولغان فىقھى كىتاب تۈزۈپ بېرىشنى ۋەدە قىلغان ئىدۇق، لېكىن مۇجاھىدلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىچىك بىر فىقھى كىتابقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تەلەپ قىلدى. شۇ سەۋەبتىن، مۇجاھىد قېرىنداشلار ئۈچۈن بۇ دەرسلەرنى ئالدىراپلا يېزىپ چىقتىم. مېنىڭ تېخىمۇ ئومۇمىي ۋە كەڭرى بولغان فىقھى كىتابنى پۈتتۈرۈشىمگىمۇ ئازلا ۋاقىت قالدى.

الله بىزدىن ۋە سىلەردىن سالىھ ئەمەللەرنى قوبۇل قىلسۇن، بىزنىڭ تىرىشچانلىقلىرىمىزنى الله قا ئۇچراشقان كۈندە ياخشىلىق تارازىمىزدا قىلسۇن!

**ـــ شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد مەنسۇر**

[1] مۇسلە قىلىش ـــ بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىنى كېسىش ئارقىلىق جەسەتلىرىنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋېتىشتۇر.

مۇجاھىد قىرىندىشىم ! مەن بۇكىتابنى يازغان ۋاقىتىمدا سىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، سىزنىڭ جىھاد ھۆكۆملىرى توغرىسىدا ئۇزۇن كىتابقا قاراشقا ۋاقتىڭىز يەتمەيدىغانلىقىغا جەزىم قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە سۆزۈمنى قىسقارتقانلىقىمنى ۋە مەسىلىلەرنىڭ مىغىزىنى ۋە كۈچلۈكرەكىنى كەلتۈرگەنلىكىمنى ھىس قىلىسىز.